

# بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب



# تۇرمۇش قىسمى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

娃娃问妈妈答. 生活篇/阿布都热依木·买买提等编译—喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.5(2011.2 重印)
ISBN 978—7—5373—1274—5

Ⅰ.娃… Ⅱ.阿… Ⅲ.①科学知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言)②生活—知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 101186 号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

**娃娃问妈妈答·生活篇**

祖莱·吾甫尔 译

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　2.25 印张
2004 年 5 月第 1 版　2011 年 2 月第 4 次印刷
印数:10001—13000　总定价:28.00 元

---

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

## 1. موما پىشقاندا نېمە ئۈچۈن يوغىناپ قالىدۇ؟

فېكفېك مومىنى كۆرسىتىپ: «ئانا، موما پىشقاندا نېمە ئۈچۈن يوغىناپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «مومىنىڭ خېمىرىدا ئېچىتقۇ باكتېرىيەسى بولغاچ، خېمىر ئېچىغان (بولغان) دىن كېيىن كاربون چالا ئوكسىدى قويۇپ بېرىدۇ، كاربون چالا ئوكسىدى ئىسسىقلىق تەسىرىدە كۆپىدۇ، شۇڭا موما پىشقاندا يوغىناپ چىقىدۇ» دېدى.



## 2. ئۇماچ نـېـمـە ئۈچۈن قايـنـاغـانـدا تېشىپ كېتىدۇ؟

قايناپ تېشىپ كېتىۋاتقان ئۇماچنى كۆرگەن ۋېنۋېن دەرھال ئانىسىنى تۇۋلىدى ھەمدە: «ئۇماچ نېمە ئۈچۈن قايناغاندا تېشىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇماچ قايناغاندا، ئاشلىق تەركىبىدىكى كىراخمال بىلەن سۇ ئارىلىشىپ سۇيۇق ھالەتتىكى كىراخمال ئۇمىچىغا ئايلىنىدۇ. كراخمال ئۇمىچىنىڭ يېپىشقاقلىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، قىزىغانسېرى تەركىبىدىكى سۇ پارلىنىپ نۇرغۇن كۆپۈكچىلەرنى پەيدا قىلىپ كۆپىدۇ - دە، ئۇماچ قازاندىن تېشىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 3. بەنشىر پىشقاندا نېمە ئۈچۈن سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ؟

ئانىسىنىڭ بەنشىر پىشۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغان شياۋخۇي: «ئانا، نېمە ئۈچۈن بەنشىر پىشقاندا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بەنشىرنىڭ ئىچىدىكى ھاۋا ئىسسىقلىق تەسىرىدە كېڭىيىپ، بەنشىرنىڭ جىلىتى ئېسىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن لەيلىتىش كۈچىمۇ ئاشىدۇ، شۇڭا بەنشىر پىشقاندا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ» دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 4 . كاشتان قورۇغاندا نېمە ئۈچۈن قازانغا قۇم قويۇلىدۇ؟

لېلى ئانىسىنىڭ كاشتان قورۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ: «ئانا، كاشتان قورۇغاندا نېمە ئۈچۈن قازانغا قۇم قويۇلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كاشتاننىڭ جۇغى يوغان، پوستى قورۇق، مېغىزى ھۆل بولغاچ، بىۋاستە قورۇلسا، ئۇنىڭلا پوستى كۆيۈپ كېتىپ، مېغىزىغا ئىسسىق ئۆتمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. كاشتاننى قورۇغاندا قازانغا قۇم قويۇلسا، قۇمنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشى بىلەن ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىدىغان يۈز كېڭىيىپ، كاشتان تەكشى قىزىيدۇ-دە، تولۇق قورۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 5 . تۇخۇمنىڭ چوڭ ئۇچى نىمە ئۈچۈن كاۋاك بولىدۇ؟

شياۋخۇي شاكىلى سويۇۋېتىلگەن بىر پىششىق تۇخۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ قىزىقىپ: «ئانا، تۇخۇمنىڭ چوڭ ئۇچى نىمە ئۈچۈن كاۋاك بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھەرقانداق تۇخۇمنىڭ چوڭ ئۇچىدا مەلۇم بوشلۇق بولىدۇ. بۇ بوشلۇق ھاۋا بۆلۈمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھاۋا تۇخۇم ئىچىدىكى چۈجە تۆرەلمىسىنىڭ نەپەسلىنىشىگە سەرپ قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 6. نېمە ئۈچۈن پىشقان تۇخۇمنى بىر دەم سوغۇق سۇغا سېلىپ قويسا شاكىلى ئوڭاي سويۇلىدۇ؟

شياۋيەن تۇخۇم سويۇۋېتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن پىشقان تۇخۇمنى سوغۇق سۇغا بىر دەم سېلىپ قويسا شاكىلى ئوڭاي سويۇلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قايناۋاتقان سۇدىن ئالغان تۇخۇمنى سوغۇق سۇغا سالغاندا، تۇخۇم شاكىلى دەرھال تارىيىدۇ، تۇخۇمنىڭ ئىچى بولسا يەنىلا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇخۇم شاكىلى ۋە تۇخۇم ئىچى ئوتتۇرىسىدا ئورۇنلىشىش خاتالىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان تارتىش كۈچى شەكىللىنىدۇ ـ دە، تۇخۇم شاكىلى ئوڭايلا سويۇلىدۇ» دېدى.







## 7. نېمە ئۈچۈن تۇخۇم يۇيۇلسا ئوڭاي بۇزۇلىدۇ؟

شياۋشياۋ داستىكى تۇخۇمنى كۆرسىتىپ: «ئانا، تۇخۇم يۇيۇلسا نېمە ئۈچۈن ئوڭاي بۇزۇلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يېڭى تۇخۇمنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت شىلىمشىق ماددا بولۇپ، تۇخۇم شاكىلىدىكى ئۇششاق تۆشۈكچىلەرنى توسۇپ، باكتېرىيەنىڭ تۇخۇم ئىچىگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ناۋادا ئۇ شىلىمشىق ماددا يۇيۇلۇپ كەتسە، باكتېرىيە تۇخۇم ئىچىگە ئوڭايلا كىرىۋالىدۇ - دە، تۇخۇمنى بۇزىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 8. ھاكتا پىشۇرۇلغان تۇخۇمدا نېمە ئۈچۈن قارىغاي چېچىكىنىڭ شەكلى بولىدۇ؟

ماۋماۋ داستىكى ھاكتا پىشۇرۇلغان تۇخۇمغا قاراپ ئانىسىدىن: «ھاكتا پىشۇرۇلغان تۇخۇمدا نېمە ئۈچۈن قارىغاي چېچىكىنىڭ شەكلى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تۇخۇمنى ئورىغان لاي تەركىبىدە ھاك ۋە كالىي كاربونات قاتارلىق ئىشقارلىق ماددىلار بولىدۇ. بۇلار تۇخۇم شاكىلىدىكى تۆشۈكچىلەردىن تۇخۇم ئىچىگە كىرىپ، ئاقسىلدىن ئاجرىلىپ چىققان ئامىنو كىسلاتا بىلەن بىرىكىپ، ئاقسىلدا ئېرىمەيدىغان ئامىنو كىسلاتا تۇزىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ تۇز كىرىستاللىرى قارىغاي يوپۇرمىقىدەك گۈل - شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ» دېدى.



## 9 . توڭلىتىلغان دۇفۇدىكى ئۇششاق تۆشۈكچىلەر قانداق پەيدا بولغان؟

توڭلىتىلغان دۇفۇدىكى نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكچىلەرنى كۆرگەن جېنجېن ھەيران بولۇپ: «ئانا، توڭلىتىلغان دۇفۇدىكى ئۇششاق تۆشۈكچىلەر قانداق پەيدا بولغان؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دۇفۇدىكى سۇلار نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكچىلەردە ساقلىنىدۇ. بۇ سۇلار مۇزلىغاندا ھەجمى چوڭىيىپ، تۆشۈكچىلەرمۇ يوغىنايدۇ، شۇڭا دۇفۇدىكى ئاشۇ سۇلار ئېرىگەندە، دۇفۇدا نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكچىلەر قېپقالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 10. كەمپۈتلەردە نېمە ئۈچۈن مېۋە تەمى بولىدۇ؟

چىچى كەمپۈت يەۋېتىپ: «ئانا، كەمپۈتلەردە نېمە ئۈچۈن مېۋە تەمى بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كەمپۈتلەرگە ئېفىر بىرىك- مىلىرى ياكى ئالدېگىد قاتارلىق مېۋە تەملىك ئورگانىك بىرىكمىلەر قوشۇلىدۇ. بۇنداق ماددىلار قوشۇلغان كەمپۈتلەرنىڭ تەمى مېۋە تەملىك بولىدۇ» دېدى.



**11. نېمە ئۈچۈن كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىشتىن ئىلگىرى يۇيۇش، پوستىنى سويۇۋېتىش كېرەك؟**

خەنخەن ئالما سويۇۋېتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن كۆكتات، مېۋە- چېۋىلەرنى يېيىشتىن ئىلگىرى يۇيۇش، پوستىنى سويۇۋېتىش كېرەك؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بازاردىن سېتىۋېلىنغان كۆكتات، مېۋىلەرنىڭ يۈزىدە دېھقانچىلىق دورىلىرى قېپقالىدۇ، بەزىلىرىنىڭ زەھىرى خېلىلا ئۆتكۈر بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى يېيىشتىن ئاۋۋال يۇيۇش، پوستىنى سويۇۋېتىش كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.



**12. ئالمىنى كەسكەندىن كېيىن، كېسىلگەن يۈزى نېمە ئۈچۈن قوڭۇر رەڭ بولۇپ قالىدۇ؟**

يېرىم ئالمىنى كۆتۈرۈۋالغان خۇڭخۇڭ قىزىققان هالدا: «ئانا، ئالمىنى كەسكەندىن كېيىن، كېسىلگەن يېرى نېمە ئۈچۈن قوڭۇر بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئالمىنى كەسكەندىن كېيىن، كېسىلگەن يۈزدىكى فېرمېنت ئوكسىگېن بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ئوكسىدلانغانلىقتىن، كېسىلگەن يېرى قوڭۇر بولۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 13. بانانغا ئۈششۈك تەگسە ياكى زەخىملەنسە نېمە ئۈچۈن پوستى قارىداپ قالىدۇ؟

تاۋتاۋ قارىداپ قالغان بانانىنى كۆرۈپ: «ئانا، بانانغا ئۈششۈك تەگسە ياكى زەخىملەنسە نېمە ئۈچۈن پوستى قارىداپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «بانان پوستىدىكى ھۈجەيرىدە ئوكسىدلاش ئېچىتقۇسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، بانان ئۈششۈگەن ياكى زەخىملەنگەن ھامان ئۇنى ئوكسىدلاپ قارايتىپ قويىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 14. چوكىمۇزدىن نېمە ئۈچۈن ئاپپاق ھور چىقىدۇ؟

ياز، شياۋلى چوكىمۇز يەۋېتىپ: «ئانا، چوكىمۇزدىن نېمە ئۈچۈن ئاپپاق ھور چىقىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يازدا ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولىدۇ. ھاۋادىكى سۇ پارى چوكىمۇز بىلەن ئۇچراشقاندا نۇرغۇن ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئاق تۇمان شەكىللەندۈرگەچكە، چوكىمۇزدىن ھور چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 15. گازلىق سۇغا نېمە ئۈچۈن كاربون چالا ئوكسىدى قوشۇلىدۇ؟

شياۋمىڭ ئانىسىدىن: «گازلىق سۇغا نېمە ئۈچۈن كاربون چالا ئوكسىدى قوشۇلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «گازلىق سۇغا قوشۇلغان كاربون چالا ئوكسىدى ئۈچەيگە قوبۇل قىلىنمايدۇ، بەلكى تېزلا يەنە ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ چىقىپ كېتەشىدە بەدەندىكى ئىسسىقلىقنى ئۆزى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئادەمگە سالقىنلىق بېغىشلايدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



**16. گازلىق سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كۆپۈكچە پەيدا بولىدۇ؟**

چياڭچياڭ گازلىق سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ھامان نۇرغۇن گاز كۆپۈكچىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولۇپ، ئانىسىدىن: «گازلىق سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ھامان نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن گاز كۆپۈكچىلىرى پەيدا بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى. ئانىسى: «گازلىق سۇ تەركىبىدە نۇرغۇن كاربون چالا ئوكسىدى بولىدۇ، بېسىم ئاشقاندا كاربون چالا ئوكسىدى سۇدا ئېرىيدۇ. گازلىق سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا بېسىم تۆۋەنلەيدۇ - دە، كاربون چالا ئوكسىد گازى گازلىق سۇدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا نۇرغۇن كۆپۈكچە پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 17. نېمە ئۈچۈن تاتلىق ئىچىملىك، مىنېرال سۇ قاتارلىقلارنى قايناق سۇ ئورنىدا ئىچىشكە بولمايدۇ؟

شىڭشىڭ قايناق سۇ ئىچىۋېتىپ: «ئانا، تاتلىق ئىچىملىك، مىنېرال سۇ قاتارلىقلارنى نېمە ئۈچۈن قايناق سۇ ئورنىدا ئىچىشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تاتلىق ئىچىملىك تەركىبىدە نۇرغۇن قەنت ۋە پىگمېنت بولۇپ، ئادەمنى سەمرىتىۋېتىدۇ، ھەتتا راك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مىنېرال سۇ تەركىبىدە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە، ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ. قايناق سۇ تەركىبىدىكى مىنېرال ئېلېمېنتلار بىلەن مىكرو مىقدارلىق ماددىلارنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق بولۇپ، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ نورمال ئېھتىياجىنى قامدىيالايدۇ. شۇڭا، تاتلىق ئىچىملىك، مىنېرال سۇلارنى قايناق سۇ ئورنىدا ئىچىشكە بولمايدۇ»

دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 18. سۈت نېمە ئۈچۈن سۈزۈك بولمايدۇ؟

مېڭمېڭ سۈت ئىچىۋېتىپ: «ئانا، سۈت نېمە ئۈچۈن سۈزۈك بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «سۈت تەركىبىدە سىرتىنى سۈتلەشتۈرۈش خۇرۇچى ئوراپ تۇرغان نۇرغۇن قايماق تامچىلىرى بولغاچقا، سۈت سۈزۈك بولمايدۇ» دېدى.



## 19. پىۋىدە نېمە ئۈچۈن كۆپۈكچە بولىدۇ؟

جيەنجيەن دادىسىغا پىۋا قۇيۇپ بېرىۋىدى، ئىستاكاندا قېلىن بىر قەۋەت كۆپۈكچە پەيدا بولدى. ئۇ ئاجايىپ شادلىنىپ: «ئانا، پىۋىدە نېمە ئۈچۈن كۆپۈكچە بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «پىۋىنى ئىشلەش داۋامىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن كاربون چالا ئوكسىدى بېسىم بىلەن سۇيۇقلاندۇرۇپ كىرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىستاكانغا قۇيغاندا، سىرتنىڭ ھاۋا بېسىمى تۆۋەن بولغاچقا، كاربون چالا ئوكسىدى پىۋىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، شۇ ۋەجىدىن پىۋىدە كۆپۈكچە پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 20. گۆش، بېلىق شورپىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇيۇپ قالىدۇ؟

دۇدۇ شورپىنى كۆرسىتىپ: «ئانا، گۆش، بېلىق شورپىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇيۇپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بېلىق گۆشى ۋە باشقا گۆشلەرنىڭ قوشقۇچى توقۇلمىسى تەركىبىدە خام كوللوئىد (خام يېلىم ماددىسى) بولۇپ، سۇس ئوتتا بوش قايناتقاندا، سۇ بىلەن خىمىيەلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ ھەم سۇدا پارچىلىنىپ ھايۋانات يېلىمىغا ئايلىنىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاندا سۇدا ئېرىيدۇ، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاندا مۇزغا ئوخشاش ئۇيۇۋالىدۇ» دېدى.



## 21. نېمە ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم قاينىتىلغان سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ؟

لىلى قازاندا قايناۋاتقان سۇنى كۆرسىتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم قاينىتىلغان سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىدى. ئانىسى: «سۇ تەركىبىدە مىكرو مىقداردا نىترات تۇزى ۋە ئېغىر مېتال ئىئونى بولىدۇ. سۇ ئۇزاق ۋاقىت ئارقا - ئارقىدىن قاينىتىلىۋەرسە پارلىنىپ ئازىيىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە سۇ تەركىبىدىكى نىترات تۇزى بىلەن ئېغىر مېتالنىڭ قويۇقلۇقى نىسپىي ھالدا ئاشىدۇ - دە، ئادەم ئورگانىزمىغا كىرگەندىن كېيىن زىيانلىق ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى بىرقانچە قېتىم قاينىتىلغان سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 22. بىر قانچە قېتىم يېمەكلىك پىشۇرۇلغان ياغنى نېمە ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؟

لەنلەن ياغدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇنى يەۋېتىپ: «ئانا، بىر قانچە قېتىم يېمەكلىك پىشۇرۇلغان ياغنى نېمە ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يېمەكلىك پىشۇرۇلغان ھەم قىزدۇرۇلغاندا ياغدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولىدۇ، ياغنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بۇزۇلىدۇ، يەنە تېخى نۇرغۇن زىيانلىق ماددىلارمۇ پەيدا بولىدۇ. تەكرار - تەكرار قىزدۇرۇلغان ياغدا زەھەرلىك ماددىلار تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ياغنى يەنە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ» دېدى.







## 23. ئىسلانغان، كاۋاپ قىلىنغان يېمەكلىكنى نېمە ئۈچۈن كۆپ يېيىشكە بولمايدۇ؟

بىنبىن ئىسلانغان توخۇ گۆشىنى يەۋېتىپ: «ئانا، ئىسلانغان، كاۋاپ قىلىنغان يېمەكلىكنى نېمە ئۈچۈن كۆپ يېيىشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئىسلانغان، كاۋاپ قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوتۇن، كۆمۈر، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئوتىدا بىۋاستە ئىسلىنىدۇ ياكى كاۋاپ قىلىنىدۇ. ئىس تەركىبىدە راك پەيدا قىلغۇچى ماددا بولۇپ، ئۇ ئادەم ئورگانىزمىغا ئۇزاق ۋاقىت كىرىۋەرسە راك پەيدا قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 24. «يېشىل يېمەكلىك» دېگەن نېمە؟

شياۋباۋ سۈت قاچىلانغان قۇتىدىكى «يېشىل يېمەكلىك» بەلگىسىنى كۆرسىتىپ: «ئانا، ‹يېشىل يېمەكلىك› دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «1989 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ئورگانىك يېمەكلىكلەر، يەنى ئومۇمغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان يېمەكلىكلەر ‹يېشىل يېمەكلىك› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەر چوقۇم مۇتلەق بۇلغانمىغان مۇھىتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە تەييارلانغان بولۇشى، بىرتۇتاش ئوراپ - قاچىلىنىشى ھەم بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك دەپ بەلگىلىگەن» دېدى.









## 25. قوماچلار نېمە ئۈچۈن ئوڭاي ھەزىم بولۇپ، ئورگانىزمغا ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ؟

شياۋخۇڭ قوماچ يەۋېتىپ: «ئانا، قوماچلار نېمە ئۈچۈن ئوڭاي ھەزىم بولىدۇ ھەم ئورگانىزمغا ئوڭاي قوبۇل قىلىنىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كۆممىقوناق، گۈرۈچ، دادۇر قاتارلىقلاردىن قوماچ تەييارلىغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئېتىلىپ قوماچقا ئايلانغاندا ئىچكى قىسمىدىكى مولېكۇلا قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ، ئېرىمەيدىغان ئۇزۇن زەنجىرلىك كىراخمال ئۈزۈلۈپ، سۇدا ئېرىيدىغان قىسقا زەنجىرلىك كىراخمال، دېكىستىرىن ۋە قەنتلەرگە ئايلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئادەم ئورگانىزمغا تېخىمۇ ئوڭاي قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى.



## 26. يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇرۇچنى نېمە ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

شەنشەن يېمەكلىك قاچىلانغان قۇتىدىكى خەتنى كۆرسىتىپ: «ئانا، يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇرۇچنى نېمە ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بالام، ئادەتتە يېمەكلىكلەرگە پىگمېنت، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى، تاتلىق تەم خۇرۇچى قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ. بۇ خىل خۇرۇچلار ئادەمگە زىيانلىق. ئۇلارنىڭ مىقدارى يېمەكلىك گىگىېنىسى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان تەقدىردىمۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زىيىنى كۆرۈلمىگىنى بىلەن، بەربىر خەۋپ يوشۇرۇنغان، شۇڭا ئۇلارنى ئىمكانقەدەر كەم ئىشلەتكەن تۈزۈك» دەپ جاۋاب بەردى.



## 27 . نېمە ئۈچۈن پىگمېنتلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش كېرەك دېيىلىدۇ؟

دۇدۇ بىر تال يېشىل سېغىز كەمپۈتنى كۆرسىتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن پىگمېنتلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش كېرەك دېيىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى پىگمېنتلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرىكتۈرۈلگەن پىگمېنتلار بولۇپ، تاش كۆمۈر يېغىدىن ئىشلىنىدۇ، ئادەم ئورگانىزمىغا ئوڭاي قوبۇل قىلىنىدۇ، ئورگانىزمغا كۆپ قوبۇل قىلىنسا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، پىگمېنتلىق يېمەكلىكلەرنى كەم يېيىش كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.



## 28. ئادەم نېمە ئۈچۈن پاختىلىق كىيىم كىيسە ئىسسىيدۇ؟

قىشتا پاختىلىق كىيىم كىيىپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتكەن چىچى: «ئانا، نېمە ئۈچۈن ئادەم پاختىلىق كىيىم كىيسە ئىسسىيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «پاختىلىق كىيىمدىكى پاختىدا نۇرغۇن ھاۋا بولىدۇ. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا يەنە ھاۋادىكى ئىسسىقلىق كونۋېكسىيەسى ۋە ئادەم تېنىنىڭ ئىسسىقلىقنى سىرتقا تارقىتىشىنى توسالايدىغان بولغانلىقتىن، بەدەندىن چىققان ئىسسىقلىق سىرتقا تارقىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئادەم ئىسسىق تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 29. ئاياغنىڭ چەمىدە نېمە ئۈچۈن گۈل - نەقىشلەر بولىدۇ؟

ناۋناۋغا ئانىسى يېڭى ئاياغ ئېلىپ بەرگەنىدى، ئۇ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كېتىپ ئانىسىدىن: «ئاياغنىڭ چەمىدە نېمە ئۈچۈن گۈل- نەقىشلەر بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاياغنىڭ چەمىدە گۈل - نەقىشلەر بولسا، ئاياغنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان سۈركىلىش كۈچى ئاشىدۇ، ئادەم يول ماڭغاندا تېيىلىپ كەتمەي بىمالال ماڭالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 30. ساپماكەش ۋە رېزىنكە ئاياغلارنى نېمە ئۈچۈن ئاپتاپقا قويۇشقا بولمايدۇ؟

تاۋتاۋ ئاپتاپتا تۇرغان رېزىنكە ئاياغنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىدىن: «ساپماكەش ۋە رېزىنكە ئاياغلارنى نېمە ئۈچۈن ئاپتاپقا قويۇشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ساپماكەش ۋە رېزىنكە ئاياغلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبى كاۋچۇك بولغاچقا، ئاپتاپتا تۇرسا كۈن نۇرى تەركىبىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر كاۋچۇك ئىچىگە كىرىپ، كاۋچۇك مولېكۇلالىرىنىڭ زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن كاۋچۇكنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە مولېكۇلالار ئارا بىرىكىش كۈچى يوقىلىپ، ئوڭايلا يېرىلىپ - بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، ساپماكەش ۋە رېزىنكە ئاياغلارنى ئاپتاپقا قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 31. ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان ئۆيدە نېمە ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشقا بولمايدۇ؟

ياز، ياغىياك ئۆيدىكى ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىۋېتىپ ئانىسىدىن: «ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان ئۆيدە نېمە ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يازدا تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتكەندە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلىتىلسە، ئۆي ئىچى سالقىن بولىدۇ. ئەمما، ھاۋا تەڭشىگۈچ ئېچىلغاندىن كېيىن، ئىشىك - دېرىزىلەر ھەم ئېتىپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئۆي ئىچىدىكى بۇلغىمىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، بۇ ئادەمگە زىيانلىق، يەنە كېلىپ ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان ئۆيدە رادىيوئاكتىپلىققا ئىگە رادونمۇ بولىدۇ، ئۇ ئادەمدە ئۆپكە راكىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان ئۆيدە ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشقا بولمايدۇ» دېدى.





## 32 . نېمە ئۈچۈن يېڭى ئۆيدە ئادەم بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىۋاتقاندەك بولىدۇ؟

نىڭنىڭلار يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىۋاتقاندەك بولدى - دە، ھەيران قىلىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يېڭى ئۆيدە ئادەم بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىۋاتقاندەك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۆيىنى بېزەشكە ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى سۇلياۋ، خىمىيەلىك تالادىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار بولۇپ، ئۇلاردىن چىققان پۇراق ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بۇلغايدۇ، ئادەمگە زىيانلىق. شۇڭا، ئادەمگە بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ» دېدى.



## 33. سىن ئەينەكتە نېمە ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ سىيماسى ئەكس ئېتىدۇ؟

شياۋشيا يېڭى كۆڭلەك كىيىپ، سىن ئەينەككە قارىغىنىدىچە ئانىسىدىن: «سىن ئەينەكتە نېمە ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ سىيماسى ئەكس ئېتىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «سىن ئەينەك پارقىراق ـ سىلىق ئەينەكتىن ئىشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارقا يۈزىگە بىر قەۋەت كۈمۈش يالىتىلىپ، يورۇقلۇقنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، سىيماسى ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىدۇ» دېدى.



34 . سۇ قاينىتىلغان چەينەكتە نېمە ئۈچۈن سۇ دېغى پەيدا بولىدۇ؟

مىمى چەينەكتىكى بىر قەۋەت ئاق چۆكمىنى كۆرۈپ، تەئەججۈپ بىلەن ئانىسىدىن: «سۇ قاينىتىلغان چەينەكتە نېمە ئۈچۈن سۇ دېغى پەيدا بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «سۇ تەركىبىدىكى كالتسىي ھىدروكاربونات يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزىغاندىن كېيىن، كالتسىي كاربونات چۆكمىسىگە ئايلىنىپ، چەينەك دىۋارىغا يېپىشىۋالىدۇ. بۇ سۇ دېغى ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولغان» دېدى.









## 35. سۇ قاينىغاندا چەينەكنىڭ ئاغزى نېمە ئۈچۈن سەكرەيدۇ؟

چەينەكتىكى سۇنىڭ قاينىغانلىقىنى كۆرگەن لىڭلىڭ ئانىسىدىن: «سۇ قاينىغاندا چەينەكنىڭ ئاغزى نېمە ئۈچۈن سەكرەيدۇ؟» دەپ سورىدى، ئانىسى: «سۇ قاينىغاندا ھور چىقىدۇ. ھورنىڭ ھەجمى چوڭ بولغاچقا، چەينەكنىڭ ئاغزىنى كۆتۈرۈپ ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ، شۇڭا چەينەكنىڭ ئاغزى سەكرەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 36. چايدان نېمە ئۈچۈن ئىسسىقلىق ساقلىيالايدۇ؟

شياۋشۇ چايداندىن چاي قۇيۇۋېتىپ ئانىسىدىن: «چايدان نېمە ئۈچۈن ئىسسىقلىق ساقلىيالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «چايداننىڭ شېشىسى ئىككى قات ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسى ۋاكۇئۇم بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىر يۈزىگە كۈمۈش يالىتىلىدۇ. ۋاكۇئۇم قەۋەت ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىنى، كۈمۈش يالىتىلغان يۈز ئىسسىقلىقنىڭ قېچىشىنى توسىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چايدان شېشىسىنىڭ بوينى كىچىك، ئاغزىغا پىروپكا قاپلىنىدىغان بولغاچقا، ئىسسىقلىق كونۋېكسىيەسى توسۇلىدۇ، شۇڭا چايدان ئىسسىقلىق ساقلىيالايدۇ» دېدى.



## 37. چايداننىڭ ئاغزىنى نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئاچقىلى بولمايدۇ؟

فېڭفېڭ چاي ئىچمەكچى بولۇپ، چايداننىڭ ئاغزىنى ئاچالماي، ئانىسىدىن: «چايداننىڭ ئاغزىنى نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئاچقىلى بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «چايداننىڭ ئىچىدىكى هاۋا ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقتىن تارىيىدۇ. چايداندا لىق چاي بولمىسا، چاي ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىگەندە، چايداننىڭ ئىچىنىڭ هاۋا بېسىمى سىرتىنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا چايداننىڭ ئاغزى ئاسانلىقچە ئېچىلمايدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 38. قاچا-قۇچىلار نېمە ئۇچۇن يۇمىلاق بولىدۇ؟

لۇگلۇك ئۆزىنىڭ پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئانىسىدىن: «قاچا-قۇچىلار نېمە ئۇچۇن يۇمىلاق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئوخشاش ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن ئەھۋالدا قاچا-قۇچىلار يۇمىلاق ياسالسا، چاسا ياسالغاندىكىدىن سىغىمى چوڭ بولىدۇ ھەمدە ئۇرۇلۇش-سوقۇلۇش، بېسىلىشقا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى، يۇيۇش-چايقاشقا قۇلاي بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 39. پىۋا نېمە ئۈچۈن رەڭلىك بوتۇلكىغا قاچىلىنىدۇ؟

ياڭياڭ پىۋا بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئانىسىدىن: «پىۋا نېمە ئۈچۈن رەڭلىك بوتۇلكىغا قاچىلىنىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇنىڭ سەۋەبى كۈن نۇرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ پىۋا تەركىبىدىكى ۋىتامىن، ئامىنو كىسلاتا ۋە ئاقسىل قاتارلىقلارنى پارچىلاپ، پىۋىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 40. سوپۇن نېمە ئۈچۈن كىرنى ئالالايدۇ؟

جېنجېن قولياغلىقىنى يۇيۇۋېتىپ ئانىسىدىن: «سوپۇن نېمە ئۈچۈن كىرنى ئالالايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سوپۇندا ئىشقارلىق ماددا بولىدۇ. سوپۇن سۈيى يۇيۇلىدىغان نەرسىلەرگە سىڭگەندىن كېيىن، كىر مۇقىم يۆنىلىش بويىچە سوپۇن مولېكۇلاسىغا يېپىشىدۇ، ئۇۋۇلاپ بېرىلسە، كىر دانچىلىرى يۇيۇلغان نەرسىدىن چىقىپ سۇدا ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن بىللە چايقىلىپ چىقىپ كېتىدۇ» دېدى.



**41. سوپۇن يۇقى قولدا نەرسە - كېرەكلەرنى تۇتسا نېمە ئۈچۈن ئاسانلا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ؟**

ياڭياڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن سوپۇنغا قارىغىنىچە ئەجەبلىنىپ: «ئانا، سوپۇن يۇقى قولدا نەرسە - كېرەكلەرنى تۇتسا نېمە ئۈچۈن ئاسانلا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بارماق، ئالىقانلاردىكى سىزىقلار بىر خىل بولمىغاچقا، سۈركىلىش كۈچىمۇ بىرقەدەر زور بولىدۇ، شۇڭا تۇتقان نەرسىلەر ئاسانلىقچە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما، قولغا سوپۇن سۈرتۈلگەندىن كېيىن ئۇ سىزىقلار سوپۇن ئاستىدا قالىدۇ، يەنە كېلىپ سوپۇن ياغلىق بولىدۇ. بۇنىڭدا سۈركىلىش كۈچى ئازىيىدىغان بولغاچقا، تۇتقان نەرسىلەر ئوڭايلا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ» دېدى.



## 42. گۈل تەشتەكلىرىنىڭ ئاستىدا نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە تۆشۈك بولىدۇ؟

شياۋخۇي ئانىسىنىڭ تەشتەك توپىسىنى ئالماشتۇرۇشىغا ياردەملىشىۋېتىپ: «ئانا، گۈل تەشتەكلىرىنىڭ ئاستىدا نېمە ئۈچۈن كىچىككىنە تۆشۈك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «گۈل تەشتەكلىرىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈك ئارتۇق سۇنى چىقىرىپ، گۈل يىلتىزىنىڭ سېسىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېچىلىدۇ» دېدى.



## 43. ياز كۈنلىرى ئادەم قومۇش سېلىنچا ئۈستىدە ياتسا نېمە ئۈچۈن سالقىنداپ قالىدۇ؟

چىچى ئانىسى بىلەن قومۇش سېلىنچا ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئېلىۋېتىپ: «ئانا، ياز كۈنلىرى ئادەم قومۇش سېلىنچا ئۈستىدە ياتسا نېمە ئۈچۈن سالقىنداپ قالىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇنداق سېلىنچا قومۇش، بامبۇكلاردىن توقۇلىدىغان بولغاچقا، هاۋانى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقىمۇ رەختلەرنىڭكىدىن ياخشى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتسا ئادەم سالقىنداپ قالىدۇ» دېدى.



## 44. رەڭلىك سۈرەت نېمە ئۈچۈن ئۆڭۈپ كېتىدۇ؟

يەنيەن كىچىك ۋاقتىدىكى سۈرىتىنى كۆرسىتىپ: «ئانا، رەڭلىك سۈرەت نېمە ئۈچۈن ئۆڭۈپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «رەڭلىك رەسىملەردىكى رەڭ - بوياقلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئانچە مۇقىم بولمايدۇ، بىر قىسىم بوياقلار ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ تەسىرىدە پارچىلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا فوتو سۈرەتنىڭ رېڭى ئۆڭۈپ سۇسلىشىپ كېتىدۇ» دېدى.



## 45. يالقۇن نېمە ئۈچۈن هامان يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ؟

كېچىدە گۈلخانغا قاراپ تۇرغان شىشى ئانىسىدىن: «يالقۇن نېمە ئۈچۈن هامان يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بۇ هاۋانىڭ ئېقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جىسىم كۆيگەندە يالقۇن ئەتراپىدىكى هاۋا ئىسسىپ يەڭگىللەيدىغان بولغاچقا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سوغۇق هاۋا يەنە سۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان هاۋا ئېقىمى شەكىللىنىپ، يالقۇنمۇ يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 46. شام نېمە ئۈچۈن كۆيىدۇ؟

خۇەنخۇەن تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە شامغا ئوت يېقىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «شام نېمە ئۈچۈن كۆيىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شامنىڭ پىلىكى پاختا يىپتىن قىلىنىدۇ. شام ئوت يېقىلغاندىن كېيىن ئېرىپ ياغقا ئايلىنىپ پاختا يىپقا سىڭىپ كېتىدىغان بولغاچقا، يىپ-نىڭ ئۈچىدىن باشلاپ كۆيىدۇ. شامنىڭ كۆيۈشىدىكى سەۋەب مانا شۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 47. گىلىتسېرىن نېمە ئۈچۈن تېرىنى سىلىقلىيالايدۇ؟

بىكبىك قولىغا گىلىتسېرىن سۈرتۈۋېتىپ: «ئانا، گىلىتسېرىن نېمە ئۈچۈن تېرىنى سىلىقلىيالايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «گىلىتسېرىن تېرىنىڭ نەملىكىنى ساقلىيالايدۇ ھەم تېرىنى ئاسرايدۇ، يېرىلدۇرمايدۇ. دېمەك، ئۇ تېرىنى ياشارتىش ئۈنۈمىگە ئىگە. تېرە ئاسراشقا ئىشلىتىلىدىغان گىلىتسېرىندا 20% سۇ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇنىڭ قويۇقلۇقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، تېرىگە سۈرتكەندىن كېيىن، تېرىنى سۇسىزلاندۇرۇپ قۇرغاق قىلىپ قويىدۇ» دېدى.



## 48. چىش مەلھىمى نېمە ئۈچۈن چىشنى ئاسرىيالايدۇ؟

شياۋخۇا چىش چوتكىسىغا چىش مەلھىمىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ: «ئانا، چىش مەلھىمى نېمە ئۈچۈن چىشنى ئاسرىيالايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چىش مەلھىمى بىرقانچە خىل خىمىيىۋى ماددىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، سۈركەلدۈرۈش خۇرۇچى، نەملىك ساقلاش دورىسى، سىرتقى يۈزنى ئاكتىپلاشتۇرۇش دورىسى، قويۇقلاشتۇرۇش دورىسى، تاتلىق تەم خۇرۇچى، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى، ئاكتىپلاشتۇرغۇچقا قوشۇلىدىغان ماددا، پىگمېنت قاتارلىقلار چىشنىڭ تازىلىقىنى ساقلاپ، باكتېرىيە، داغ، سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 49. نېمە ئۈچۈن ماركىسى ئوخشىمايدىغان سىياھلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

جىڭجىڭ ماركىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى قۇتا سىياھ سېتىۋالغاند-
كەن، ئانىسى ئۇنىڭغا ماركىسى ئوخشىمايدىغان سىياھلارنى ئارىلاشتۇ-
رۇپ ئىشلەتسەڭ بولمايدۇ، دېدى. جىڭجىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى،
ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «ماركىسى ئوخشىمايدىغان سىياھلارنىڭ ماتېرى-
يالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان ماركىدىكى سىياھلار
ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە، خىمىيەلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ، چۆكمە
پەيدا قىلىدۇ. بۇ چۆكمىلەر قەلەمنىڭ ئۇچىدا تۇرۇۋېلىپ، خەت يېزىشقا
تەسىر يەتكۈزىدۇ» دېدى



www.uyghurkitap.com



## 50. نېمە ئۈچۈن تۆشەكتىن چىقىپلا يوتقان - كۆرپىنى يىغىشتۇرۇشقا بولمايدۇ؟

لىڭلىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن تۆشەكتىن چىقىپلا يوتقان - كۆرپىنى يىغىشتۇرۇشقا بولمايدۇ ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تۆشەكتىن چىقىپلا يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرغاندا، يوتقان - كۆرپىلەر ئادەم تېنىدىن چىققان نەملىكنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، ئۇنىڭدىكى سېسىق پۇراق ئاسانلىقچە تارقىلىپ كەتمەيدۇ، يەنە خىمىيەلىك ماددىلاردىن بۇلغىنىشىمۇ مۇمكىن، بۇ ھال ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق» دېدى.



## 51. يېمەكلىكلەر نېمە ئۈچۈن يۇقىرى بېسىملىق قازاندا ئوڭاي پىشىدۇ؟

ئانىسىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق قازاندا گۆش پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شياۋخۇي قىزىقىپ: «ئانا، يېمەكلىكلەر نېمە ئۈچۈن يۇقىرى بېسىملىق قازاندا ئوڭاي پىشىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يۇقىرى بېسىملىق قازاننىڭ ھىملىقى ياخشى، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 100℃ قا يەتكەن ھامانلا قاينايدۇ، ھور قازاندىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، قازان ئىچىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئۆرلەپ، قايناش نۇقتىسىنىمۇ يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قازاندىكى يېمەكلىك ئىسسىقلىقنى داۋاملىق قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا يېمەكلىك ئوڭاي پىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 52. ئېلېكتىر چىراغىنىڭ لامپىسى نېمە ئۈچۈن يورۇيدۇ؟

كەچتە ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ۋېيۋېي ئۇشتۇمتۇتلا ئانىسىدىن: «ئېلېكتىر چىراغىنىڭ لامپىسى نېمە ئۈچۈن يورۇيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھەرقانداق جىسىم تېمپېراتۇرىسى 525℃ قا يەتكەندە يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. ئېلېكتىر چىراغ لامپىسى ئىچىدە بىر تال ۋولفرام سىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرىش نۇقتىسى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنىڭدىن توك ئۆتكەندە، چوغلىنىش تېمپېراتۇرىسى بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ يورۇقلۇق چىقىرىپ يورۇيدۇ» دېدى.



## 53. شامالدۇرغۇچتىن نېمە ئۈچۈن شامال چىقىدۇ؟

ياز، جۇەنجۇەن بەك ئىسسىپ كېتىپ شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ قويىدى، ئۇ ئانىسىدىن: «شامالدۇرغۇچتىن نېمە ئۈچۈن شامال چىقىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «شامالدۇرغۇچ ئاساسلىقى ئېلېكتىروموتور ۋە توربىنالىق قاناتتىن تەركىب تاپقان. شامالدۇرغۇچقا توك ئۆتكەندىن كېيىن، ئېلېكتىروماتور توربىنالىق قاناتلارنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ھاۋانى ئاقتۇرۇپ شامال ھاسىل قىلىدۇ» دېدى.



## 54 . توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتسە، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەمدۇ؟

ياز، ئۆي ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى. شياۋيىڭ گۆدەكلىك بىلەن: «ئانا، توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتسە، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەمدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «توڭلاتقۇ توڭلىتىش سىستېمىسى ئارقىلىق ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىشى بىلەن توڭلاتقۇدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسسىقلىقى سىرتتىكى ھاۋاغا چىقىپ كېتىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، توڭلاتقۇنىڭ ئىچىدە سوغۇقلۇق ھاسىل بولسا، سىرتىدا ئىسسىقلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتسە، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىمەيدۇ» دېدى.



## 55. تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر ئېكرانلىرى ئادەمگە زىيانلىقمۇ؟

رەنرەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ: «ئانا، تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر ئېكرانلىرى ئادەمگە زىيانلىقمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «زىيانلىق، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ياكى كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا، ئۆيدىكى نۇرغۇن چاڭ - توزان ئادەمنىڭ تېرىسىگە يېپىشىۋېلىپ، تېرە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا تېلېۋىزور ياكى كومپيۇتېر ئوچۇق چاغدا، ئۆيدە مەنپىي ئىئون ئازىيىپ كېتىپ، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئادەمنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ» دېدى.



## 56. مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟

مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا قاراپ تۇرغان جېنجېن ئانىسىدىن: «مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق توغرا ئىشلىتىلسە، ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە ئىشىكنى ھەم ئېتىپ، مىكرو دولقۇننى سىرتقا چىقارماسلىق كېرەك؛ ئۇنىڭ ئىشىكى ھەم ئېتىلمىسە ياكى يوچۇق قېپقالسا، دەرھال ئىشلىتىشنى توختىتىش لازىم» دېدى.









## 57. يازدا ۋېلسىپىتنىڭ ئىچ كامېرى نېمە ئۈچۈن ئوڭاي ئېتىلىپ كېتىدۇ؟

بىگىبىگلارنىڭ ۋېلسىپىتى ئاپتاپتا قېلىپ، كامېرى ئېتىلىپ كەتكەنىكەن، ئۇ ھەيران بولۇپ: «ئانا، يازدا ۋېلسىپىتنىڭ ئىچ كامېرى نېمە ئۈچۈن ئوڭاي ئېتىلىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «ياز كۈنلىرى ۋېلسىپىت كامېرىدىكى يەل ئىسسىقتىن كېڭىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋېلسىپىت كامېرىغا چۈشىدىغان بېسىم ئارتىدۇ. كامېرغا چۈشكەن بېسىم ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەندە، كامېرنىڭ نېپىز يېرى ئېتىلىپ كېتىدۇ» دېدى.



## 58. ئاپتوموبىل يول يۈرۈۋاتقاندا نېمە ئۈچۈن قارا ئىس چىقىرىدۇ؟

يەنيەن بەزى ئاپتوموبىللاردىن قارا ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەئەججۈپ بىلەن: «ئانا، ئاپتوموبىل يول يۈرۈۋاتقاندا نېمە ئۈچۈن قارا ئىس چىقىرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بەزى ئاپتوموبىللارنىڭ سىلىندىرىدىكى سىلىقلاش مېيى كۆيگەنلىكتىن ياكى بېنزىن، سەلەركىلەرنىڭ تولۇق كۆيمەسلىكىدىن ئۇلار چىقارغان ئىستا كاربون (كۆمۈر) ئۇۋاقلىرى ئارىلىشىپ چىقىدۇ» دېدى.



## 59. ئاپتوموبىلنى تورموز قىلغاندا ئادەم نېمە ئۈچۈن ئالدىغا قاڭقىيدۇ؟

لۇلۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ: «ئانا، ئاپتوموبىلنى تورموز قىلغاندا ئادەم نېمە ئۈچۈن ئالدىغا قاڭقىيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تورموز قىلغاندا ئاپتوموبىل گەۋدىسى توختىغىنى بىلەن، ئاپتوموبىلدىكى ئادەم ئېنېرتسىيە تۈپەيلى داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇڭا ئادەم ئالدىغا قاڭقىيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**60. تاشيوللارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى چېتى پەس بولىدۇ؟**

نيۇنيۇ ئانىسىدىن: «تاشيوللارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى چېتى پەس بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تاشيوللارنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى چېتى پەس بولسا، يامغۇر ياغقاندا، يول يۈزىدىكى يامغۇر سۈيى تېزلا يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئېقىپ يۈندى يولىغا كىرىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يولغا سۇ يىغىلىپ قېلىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈش تېزلىكىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دېدى.



## 61. تۆت يول ئېغىزلىرىدا نېمە ئۈچۈن ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ؟

ئانىسى ياڭياڭنى يېتىلەپ تۆت يول ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۇ ئانىسىدىن: «تۆت يول ئېغىزلىرىدا نېمە ئۈچۈن ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تۆت يول ئېغىزلىرىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتىدىغان ئاپتوموبىل كۆپ بولىدۇ، ئاپتوموبىل بالونى يەر يۈزىگە سۈركىلىپ تاشپاختا توزانى پەيدا قىلىدۇ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىسىدا گۆڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، كاربون چالا ئوكسىدى، قوغۇشۇن دېگەندەك زىيانلىق نەرسىلەر بولىدۇ، بۇلار ئادەم تېنىگە كىرسە، ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ ھەتتا قوغۇشۇندىن زەھەرلىنىش ياكى ئۆپكە كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 62. قۇدۇق سۈيى نېمە ئۈچۈن قىشتا ئىسسىق، يازدا سوغۇق بولىدۇ؟

بىركۈنى لېلى تاۋۇزنى قۇدۇق سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، ئانىسىدىن: «قۇدۇق سۈيى نېمە ئۈچۈن قىشتا ئىسسىق، يازدا سوغۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قۇدۇق سۈيى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بولغاچقا، تۆت پەسىلدىكى تېمپېراتۇرىدا ئۆزگىرىش زور بولمايدۇ. ئەمما، قىشتا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغاچقا، قۇدۇق سۈيى ئىسسىقتەك، يازدا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، قۇدۇق سۈيى سوغۇقتەك تۇيۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 63. قۇدۇقنىڭ قاپقىقى نېمە ئۈچۈن يۇمىلاق بولىدۇ؟

دۇدۇ قۇدۇق قاپقىقى ئۈستىدە تۇرۇپ: «ئانا، قۇدۇقنىڭ قاپقىقى نېمە ئۈچۈن يۇمىلاق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قۇدۇق قاپقىقىنىڭ ئۆلچىمى قۇدۇق ئاغزىنىڭكىدىن چوڭراق بولىدۇ، چۈنكى ئوخشاش چەمبەرلەرنىڭ دىيامېتىرى ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭا قۇدۇق قاپقىقى يۇمىلاق بولسا، ئاسانلىقچە ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ تەكشى بولىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



### 64. ياغقا ئوت كەتكەندە نېمە ئۈچۈن سۇ چېچىشقا بولمايدۇ؟

قازاندىكى ياغقا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرگەن لۇئىلۇڭ: «ئانا، ياغقا ئوت كەتكەندە نېمە ئۈچۈن سۇ چېچىشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ياغ سۇدىن يېنىك، ياغ ئۈستىگە سۇ چېچىلسا، سۇ ياغ ئاستىغا چۆشۈۋېلىپ ھاۋانى ياغدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ، ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىمۇ تۆۋەنلىتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىسسىقلىق تەسىرىدە كېڭىيىپ - پارتلىنىپ، ياغ بىلەن بىرگە چاچراپ چىقىدۇ. شۇڭا، ياغقا ئوت كەتكەندە سۇ چاچماي، دەرھال تۇۋاقنى ياپسا، قازاندا ھاۋا بولمىغانلىقتىن، ئوت دەرھال ئۆچىدۇ» دېدى.



## 65. قىشتا تۆمۈر نېمە ئۈچۈن ياغاچتىن سوغۇق تۇيۇلىدۇ؟

قىش، دۇگدۇك قوش تورنىكتە چېنىقىۋېتىپ: «ئانا، قىشتا نېمە ئۈچۈن تۆمۈر ياغاچتىن سوغۇق تۇيۇلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىشتا تۆمۈر بىلەن ياغاچنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن تۆمۈرنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياغاچنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، تۆمۈرنى تۇتقاندا ئىسسىقلىق كۆپرەك تۆمۈرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇڭا تۆمۈر ياغاچتىن سوغۇق تۇيۇلىدۇ» دېدى.



## 66. قىش كۈنلىرى نېمە ئۈچۈن كۆمۈر گازىدىن زەھەرلىنىش ھادىسىلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ؟

تيەنتيەن مەشنى كۆرسىتىپ: «ئانا، قىش كۈنلىرى نېمە ئۈچۈن كۆمۈر گازىدىن زەھەرلىنىش ھادىسىلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «قىشتا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئىشىك - دېرىزىلەر ھەم ئېتىپ قويۇلىدۇ، كۆمۈر گازى يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆمۈر گازىنىڭ چىقىپ كېتىش پۇرسىتىمۇ نىسپىي ھالدا كۆپرەك بولىدۇ. كۆمۈر گازى تولۇق كۆيمىسە، كاربون چالا ئوكسىدى پەيدا بولۇپ، كۆمۈر گازىدىن زەھەرلىنىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېدى.



## 67. ساختا هاراق نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ؟

تېلېۋىزوردىن خەۋەر كۆرۈپ ئولتۇرغان شياۋسۇڭ: «ئانا، ساختا هاراق نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ساختا هاراقتا ئادەتتە باھاسى تۆۋەن سانائەت ئىسپىرتى خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە مېتىل ئىسپىرتىنىڭ نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى. مېتىل ئىسپىرت ئادەم تېنىگە كىرگەندىن كېيىن ئوكسىدلىنىپ، زەھەرلەش خۇسۇسىيىتى خېلىلا يۇقىرى بولغان مېتىل كىسلاتاسىغا ئايلىنىدۇ. مېتىل كىسلاتاسى باش قېيىش، قۇسۇش، كۆز كۆرمەسلىك هادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇ» دېدى.



## 68. نېمە ئۈچۈن تاماكا چەككەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلارمۇ زەھەرلىنىدۇ؟

بېبىي دادىسىنىڭ تاماكا چېكىشىنى توسۇغاچ، ئانىسىدىن: «ئانا، نېمە ئۈچۈن تاماكا چەككەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلارمۇ زەھەرلىنىدۇ دېيىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تاماكا چەككەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلار تاماكا ئىسىدىكى كاربون چالا ئوكسىدىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىدە ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تاماكا چەككەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭ تاماكا ئىسى تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاسان زەھەرلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلاردا راكقا ئوخشاش كېسەللىكلەرمۇ پەيدا بولىدۇ» دېدى.









## 69. نېمە ئۈچۈن پوجاڭزا ئېتىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ؟

تامدىكى ئېلانغا كۆزى چۈشكەن مىمى ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن پوجاڭزا ئېتىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ئانىسى: «پوجاڭزا ئاتقاندا زەھەرلىك گاز پەيدا بولۇپ ھاۋانى بۇلغايدۇ، ئادەمنىڭ نەپەس سىستېمىسىنى غىدىقلاپ، نەپەس يولى ياللۇغى دېگەندەك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە قاتتىق پارتلاش ئاۋازى شەھەردە شاۋقۇن پەيدا قىلىپ، بالىلار ۋە ياشانغانلارنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پوجاڭزىنى ئېتىش، ساقلاش، ياساش جەريانىدا ئوڭايلا ئوت ئاپىتى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە پوجاڭزا ئېتىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ» دېدى.



## 70. نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان شاخ ـ شۇمبىلارنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ؟

مۇھىت ئاسراش ئىشچىسىنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخ - شۇمبىلارنى كۆيدۈرۈشنى توسۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋېنۋېن ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان شاخ - شۇمبىلارنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قۇرۇپ قالغان شاخ - شۇمبىلارنى كۆيدۈرگەندە، ئۇلار تولۇق كۆيمەي، نۇرغۇن زىيانلىق ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شۇ ئەتراپنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ، ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، قۇرۇپ قالغان شاخ - شۇمبىلارنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ» دېدى.



## 71. نېمە ئۈچۈن ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بولمايدۇ؟

ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى مياۋمياۋ دېرىزە تەكچىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھاۋا تۇتۇق بولغاندا، تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى پەيدا بولۇپ، ھاۋانىڭ كونۋېكسىيەسى ئاجىزلايدۇ. ھاۋا تەركىبىدىكى سۇ پارى، چاڭ - توزان ۋە باشقا بۇلغىمىلار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تارقىلىپ كېتەلمىگەنلىكتىن، يەر يۈزىگە يېقىن جايدا توختاپ قېلىپ، ھاۋانى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېدى.



## 72. نېمە ئۈچۈن تاشپاختىتا بىلەن كۆپ ئۈچرىشىشقا بولمايدۇ؟

دۇدۇ تاشپاختىنى كۆرسىتىپ: «ئانا، نېمە ئۈچۈن تاشپاختىتا بىلەن كۆپ ئۈچرىشىشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تاشپاختىتا ئاق، تالاسىمان ئانئورگانىك ماددا بولۇپ، تالاسى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، هاۋا بىلەن بىرگە ئادەمنىڭ ئۆپكىسىگە كىرىپ، ئۆپكىنىڭ قىسمەن يېرىنى نېكروزلايدۇ. راك پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۈچرىشىشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



本书根据金盾出版社 2002 年 1 月第 1 版，2002 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : دىلبەر ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۈل سىدىق

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب

# تۇرمۇش قىسمى

تەرجىمە قىلغۇچى : زۇلەي غوپۇر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850مم 1/32 باسما تاۋىقى : 2.25
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 2 - ئاي 4 - بېسىلىشى
تىراژى : 13000 — 10001

ISBN 978—7—5373—1274—5
بىر يۈرۈش يەتتە كىتابنىڭ باھاسى : 28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن



ھايۋانات قىسمى



ئۆسۈملۈك قىسمى



ئادەم بەدىنى قىسمى



ئاسترونومىيە قىسمى



جۇغراپىيە قىسمى



پەن - تېخنىكا قىسمى



تۇرمۇش قىسمى 4.00

ISBN 978-7-5373-1274-5

9 787537 312745 >

总定价： 28.00元